يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# «بىر بەلباغ، بىر يول»دىكى يورۇقلۇق ئەلچىسى

—— مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى لى بېيەنچۇ توغرىسىدا

## ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يۈۋجۈن سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن لىيۇ چيەن

1989 - يىلى، 25 ياشلىق لى بېيەنچۇ ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ سانجى ئالاھىدە ترانسفورموتور زاۋۇتىغا كىرىپ مال سېتىۋالغۇچى بولدى. يەتتە يىلدىن كېيىن، ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىپ ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە باش دىرېكتور بولدى.

31 يىلدىن بۇيان، لى بېيەنچۇ ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپىنىڭ ئاياغ ئىزى بەش چوڭ قىتئەنى قاپلىدى، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەقىل - پاراستى ۋە قان - تەرى ئارقىلىق كۆپلىگەن توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش لىنىيەسىنى قۇرۇپ، يورۇقلۇقنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافرىقا، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى قاتارلىق جايلاردىكى تەرەققىي قىلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق دۆلەتلەرگە تارقاتتى.

### «ئېلېكتر ئېنېرگىيە يىپەك يولى»نى يورۇتۇش

تاجىكىستاننىڭ پايتەختى دۈشەنبە شەھىرىنىڭ مەركىزىدىن ئاپتوموبىل بىلەن شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ تەخمىنەن ئون مىنۇت ماڭغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان دۈشەنبە 2 - نومۇرلۇق تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. 2017 - يىلى بۇ زامانىۋىلاشقان تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى پۇقرالارغا يورۇقلۇق ۋە ئىللىقلىق يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە جۇڭگو - تاجىكىستان ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى.

باشقا دۆلەت، باشقا يۇرتلاردا، يىراق، ئېگىز تاغلاردا، ئادەمسىز رايون، يول يوق رايونلاردا، لى بېيەنچۇ ئادەملىرىنى باشلاپ ئېگىز تاغ، ھەيۋەتلىك چوققىلاردا ئالغا ئىلگىرىلىدى، كىشىلەر تارتىپ، مۇرىسىدە كۆتۈرۈپ، قاتار - قاتار تۆمۈر مۇنارلارنى تاغ چوققىلىرىدا قەد كۆتۈرگۈزدى، تال - تال كۈمۈش رەڭلىك توك يەتكۈزۈش سىملىرى ئارقىلىق دوستلۇق كۆۋرۈكىنى تۇتاشتۇردى. ھازىرغا قەدەر، ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى تاجىكىستانغا ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى قۇرۇلۇشىدىن ئۈچنى تاپشۇردى، ئىككى تۈرنى قۇرۇۋاتىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، لى بېيەنچۇ جۇڭگو توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش يۇرۇشلۇك سىستېمىسىنى توپلاشتۇرۇش تېخنىكا ئۆلچىمىنى سىرتقا چىقىرىشقا باشتىن - ئاخىر كۈچ چىقاردى، ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 70تىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونغا كىردى، 30 نەچچە دۆلەتنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، ئۇسكۇنە بىلەن تەمىنلەش، قۇراشتۇرۇپ تەڭشەش، ئىشلىتىش جەريانىدىكى ئاسراش، تەربىيەلەش مۇلازىمىتى قاتارلىق تۈرلەرنى قاپلىغان بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ھەل قىلىش لايىھەسى بىلەن تەمىنلىدى.

### 100 مىڭ يۈەندىن 5 مىليارد يۈەندىن ئاشۇرۇشقىچە

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، قىرغىزىستاندىكى 400 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان داتكا - كېمىن 500KV توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش لىنىيەسىدە، ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ياش لىنىيە چارلاش ئىشچىسى لياڭ لوڭجىن بىر كۈنلۈك ئالدىراش خىزمىتىنى باشلىدى. قىرغىزىستاننىڭ جەنۇب - شىمالىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ لىنىيە بەش يىل بۇرۇن پۈتكەن بولۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»دىكى بەلگە خاراكتېرلىك تۈرلەرنىڭ بىرى.

ۋاقىتنى 1997 - يىلغا قايتۇرساق، لى بېيەنچۇ شىركەت بەرگەن 100 مىڭ يۈەن پۇلنى ئېلىپ، بىر نەپەر بوغالتىر، بىر نەپەر خىزمەتچى خادىمنى باشلاپ، ئىمپورت - ئېكسپورت بۆلۈمى قۇردى. ھەممە ئىش نۆلدىن باشلاندى، لى بېيەنچۇ كوللېكتىپنى يېتەكلەپ ئىككى ئاي تۈزۈكرەك ئۇخلىماي، ئارام ئالماي توختىماي ئىشلەپ، نەتىجىدە، رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان خەلقئارا بازاردىن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە ئۆز ئالدىغا ئېكسپورت قىلىدىغان ترانسفورموتور زاكاز تالونىنى ئېلىپ، پولات ماتېرىياللىرىنىڭ بەلگىلەنگەن تىجارەت ھوقۇقى، تاشقى ئىقتىساد تېخنىكا ھەمكارلىق تىجارەت ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ پەقەت بىر باشلىنىش بولۇپ، 23 يىل ئىچىدە، لى بېيەنچۇنىڭ كوللېكتىپى ئۈچ كىشىدىن 315 كىشىگە، شىركەت مۈلكى 100 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ 5 مىليارد يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى، كەسىپ دائىرىسى ئۆز ئالدىغا ئېكسپورت قىلىشتىن 60 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا مۇلازىمەت قىلىشقا كېڭەيدى. ھازىر، ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يۈرۈشلۈك تۈر بويىچە باش بولۇپ ھۆددە ئېلىش مۇلازىمىتى ھەم يەككە مەھسۇلاتى دۇنيادىكى بەش چوڭ قىتئەنى قاپلاپ، 40 مىڭغا يېقىن ئەمگەك كۈچىنىڭ سىرتقا چىقىشىغا تۈرتكە بولدى.

### ئەلا مۇلازىمەت قىلىش دوستلۇقنى يەتكۈزۈش

لى بېيەنچۇ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، ئۇ تەدبىرلىك ۋە پاراسەتلىك، جاپا - مۇشەققەتكە چىداملىق، قەتئىي ئىرادىلىك.

لى بېيەنچۇ خىزمەتتە چاقماقتەك چاققان بولۇپ، ئەزەلدىن بوشاڭلىق قىلمايدۇ. ئۇ كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ تۇتۇپ، نەق مەيدانغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۈر قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇسكۇنىلەرنىڭ نەقلىشىش ئەھۋالىنى ئەمەللىيلەشتۈرۈپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن بىلەن سەۋرچانلىق بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇسكۇنىلەرنى قۇراشتۇرۇش سۈرئىتىنى نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇلىرى بىلەن قۇرۇلۇش لايىھەسىنى ئەلالاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئافرىقىغىچە، جەنۇبىي ئاسىيادىن ياۋروپاغىچە... لى بېيەنچۇ كوللېكتىپنى باشلاپ قەيەرگە بارسا، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ ئەلا مۇلازىمىتىنى شۇ يەرگە ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى شۇ يەرگە يەتكۈزدى. پىژغىرىم ئىسسىق بولىدىغان سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىكى قۇرۇلۇش ئورنىدا، لى بېيەنچۇ ئەترەت ئەزالىرى بىلەن بىللە ئىسسىقتا تەمى ئۆزگىرىپ كەتكەن تاماقلارنى يېدى، سۇدان مۈلۈك ئىگىلىرى تەرىپىدىن جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدىغان «قۇملۇق كېمىسى» دەپ ئاتالدى؛ شۇىرغان پات - پات ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىغان تاجىكىستاندىكى ئېگىز تاغ قۇرۇلۇش ئورنىدا، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە پىيادە مېڭىپ بىر ھاياتلىق تەمىنلەش لىنىيەسى ئاچتى، تاجىكلار تەرىپىدىن يېڭىلمەس «قارلىق رايون بۈركۈتى» دەپ ئاتالدى... ئۇ باش بولۇپ ئىجرا قىلغان تاجىكىستان 500KV - 200KV توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش لىنىيەسى ھەم ترانسفورموتور پونكىتى يۈرۈشلۈك تۈر بويىچە باش بولۇپ ھۆددە ئالغان قۇرۇلۇشقا «جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇشى لۇبەن مۇكاپاتى» بېرىلدى.

لى بېيەنچۇ يەنە كوللېكتىپنى باشلاپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەردە مەكتەپ، يول، قۇدۇق، يېتىم بالىلارنى بېقىش ئورنى قاتارلىقلارنى ھەقسىز قۇرۇپ، كۆكتات پارنىكى تېرىقچىلىق تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈشكە ياردەم بېرىپ، شۇ جايدىكى پۇقرالارنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇردى.

«‹بىر بەلباغ، بىر يول› تەشەببۇسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بىز تاشقى ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۆز تەرەققىياتىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق لىنىيە بويىدىكى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ‹جۇڭگو ئېنېرگىيەسى›نى كىرگۈزۈپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىمىز» دېدى ئەمدىلا مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان لى بېيەنچۇ.

# چوڭقۇر يەر ئاستىدىن «قوش ئەجدىھا»نى تۇتۇش

—— مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ياڭ خەيجۈن توغرىسىدا

## ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۇڭ ۋېيگو

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە تەكلىماكان قۇملۇقى بىر پارچە قاقاس جاي، ئەمما ياڭ خەيجۈننىڭ نەزەرىدە بۇ يەر سانسىز بايلىق يوشۇرۇنغان بىر پارچە «گۆھەر زېمىن».

ياڭ خەيجۈن جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ باش تېخنىكا مۇتەخەسسىسى. 1992 - يىلدىن باشلاپ، ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، يەر ئاستىدىكى ئالتە - يەتتە كىلومېتىر چوڭقۇرلۇقتىن «نېفىت ئەجدىھاسى»، «گاز ئەجدىھاسى»نى تۇتۇپ چىقىپ، تارىم نېفىتلىكىنىڭ يىللىق نېفىت - گاز مەھسۇلات مىقدارىنى 30 مىليون توننىدىن ئاشۇرۇش، دۆلىتىمىز قۇرۇقلۇقىدىكى 3 - چوڭ نېفىتلىك - گازلىقنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلدى.

### تېخنىكا مۇھىم مەسئۇلىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىش

ياڭ خەيجۈننىڭ ھېكايىسىنى 1989 - يىلدىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. 1989 - يىلى 4 - ئايدا تارىم نېفىتلىكى بىرلەشمە جېڭىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى، ئەينى چاغدا تېخى جۇڭگو نېفىت داشۆسىنىڭ 2 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى ياڭ خەيجۈن: بۇ ئۆمرۈمدە چوقۇم بىر قېتىم نېفىت بىرلەشمە جېڭىگە قاتنىشىمەن، دېگەن ئارزۇنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

1992 - يىلى داشۆنى پۈتتۈرۈپ، كەسپىي ئۇنىۋېرسال نەتىجىسى يىللىقلار بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان ياڭ خەيجۈن بېيجىڭ، گۇاڭجۇدىكى يۇقىرى مائاشلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، تارىم نېفىتلىكىگە كەلدى.

ياڭ خەيجۈن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سەپىگە باشچىلاپ كىرىپ كەتتى. يەر قاتلىمىغا تېخىمۇ توغرا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، ئۇ بۇرغىلاش نەق مەيدانىدا ئۇزاق مۇددەت تۇردى، مۇھىتى ناچار قۇملۇق چۆلدە، مەيلى سوغۇق كېچىدە بولسۇن ياكى پىژغىرىم ئىسسىقتا بولسۇن، ئۇ ئىككى سائەت بۇرۇن بۇرغىلاش سۈپىسىغا بېرىپ ساقلاپ تۇردى، بۇ، پەقەت بىرىنچى ۋاقىتتا «يېڭى تونۇردىن چىققان» يەر قاتلىمى نۇسخىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى. باشقۇرغۇچىلىق ئىش ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، «گۇمانلىق، قىيىن، مۇرەككەپ مەسىلە»لەرگە يولۇققاندا، ياڭ خەيجۈن دائىم بىرىنچى ۋاقىتتا نەق مەيدانغا بېرىپ، تېخنىكلار بىلەن بىللە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش لايىھەسى ئۈستىدە كېڭەشتى.

خىزمەت قىلغاندىن بۇيان، ياڭ خەيجۈن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دۆلەت ۋە جۇڭگو نېفىت گۇرۇھىنىڭ كۆپ تۈرلۈك نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىگە قاتنىشىپ، دۆلەت 973 تۈرىنىڭ مۇئاۋىن تېما باشلىقى بولۇپ، بىر قېتىم دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 12 تۈرلۈك نەتىجىسى ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، كۆپ قېتىم جۇڭگو ياشلىرى 4 - ماي مېدالى، شىنجاڭدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

### تېخنىكا ئۆزگەرتىش سالمىقىنى زورايتىش

1998 - يىلى 9 - ئايدا، باي ناھىيەسى تەۋەسىگە جايلاشقان كېلا 2 - قۇدۇقىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق گاز ئېقىمى چىقىپ، بۇ يەر دۆلىتىمىزنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەڭ چوڭ تەييار تەبىئىي گازلىقىغا ئايلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا، بۇ تەبىئىي گازلىقنى چارلاپ تەكشۈرۈش ئىزچىل پەسكويغا چۈشۈپ قېلىپ، قايتا يېڭى بۆسۈش بولمىدى.

بۇ يەردىن يەنە تېخىمۇ كۆپ تەبىئىي گاز تاپقىلى بولامدۇ؟ ياڭ خەيجۈن ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى نەزەرىنى 6000 مېتىردىن تۆۋەن يەر قاتلىمىغا قاراتتى. ياڭ خەيجۈن كۈچا تېغىنىڭ ئالدىدىكى قۇرۇلما بەلبېغىدا يەنە چوڭ بايقاش بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىپ، ئۆزى بىلەن مۇكۆشمەك ئويناۋاتقان «گاز ئەجدىھاسى»نى تارتىپ چىقىرىش ئىرادىسىگە كەلدى.

ئون يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ياڭ خەيجۈن كوللېكتىپنى باشلاپ، كېشېن 2، كېشېن 5، بوز 9 قاتارلىق گازلىقلارنى تېپىپ، ئاخىرىدا كېلا - كېشېن، بوز - دابېيدىن ئىبارەت تىرىليون كۇب مېتىرلىق ئىككى چوڭ گازلىق رايوننى شەكىللەندۈرۈپ، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشنى پۇختا بايلىق ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياڭ خەيجۈن ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپى يەنە يەر ئاستىدىكى «نېفىت ئەجدىھاسى» ئۈستىكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاز كەچمىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر پارچە نېفىت مول توپلانغان رايون بولۇپ، بۇ يەردىكى نېفىت ئاساسلىقى كاربوناتلىق جىنىس دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇرۇلما ئىچىگە يوشۇرۇنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېفىت 6000 مېتىردىن 7500 مېتىرغىچە بولغان يەر قاتلىمىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، دۇنيا دەرىجىلىك چارلاش، ئېچىش قىيىن مەسىلىسىگە تەۋە ئىدى.

ياڭ خەيجۈن كوللېكتىپقا باشلامچىلىق قىلىپ يېڭى نېفىتلىك ئېچىش نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمەلىيەت ئارقىلىق، ئاخىرى 2006 - يىلى ئوتتۇرا تارىم يىڭشەن گۇرۇپپىسىدىكى 100 مىليارد كۇب مېتىرلىق ئۇيۇلۇپ ئاجرىلىپ چىققان گاز زاپىسى ۋە شىمالىي تارىم خانقاتامىدىكى 100 مىليون توننىلىق چوڭ نېفىتلىكنى تاپتى. 2008 - يىلى، تارىم نېفىتلىكىنىڭ كاربوناتلىق جىنىس خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 500 مىڭ توننىدىن ئاشتى.

«گەرچە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بار بولغان بولسىمۇ، لېكىن خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىدە يەنىلا ناھايىتى زور يېتەرسىزلىك بار» دېدى ياڭ خەيجۈن. ئۇ كوللېكتىپنى باشلاپ داۋاملىق قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، تارىم نېفىتلىكىدىكى كاربوناتلىق جىنسلارنى بۇرغىلاپ قۇدۇق قېزىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتىنى 72%تىن 93%كە ئۆستۈرۈپ، كاربوناتلىق جىنس خام نېفىتنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى 2008 - يىلدىكى 540 مىڭ توننىدىن 2019 - يىلدىكى 2 مىليون 520 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈپ، تارىم نېفىتلىكىدە خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسلىق كۈچكە ئايلاندى.

### تېخنىكا جەھەتتىكى «پولات قوشۇن»نى يېتىشتۈرۈش

2020 - يىلى 1 - ئايدا، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش چوڭقۇرلۇقى 8882 مېتىرغا يەتكەن لۈنتەن 1 - قۇدۇقىدىن سانائەت نېفىت - گاز ئېقىمىغا ئېرىشتى، ئاسىيادىكى بىرىنچى چوڭقۇر قۇدۇق دەپ ئاتالغان بۇ تەكشۈرۈش قۇدۇقى تارىم ئويمانلىقىدىكى پۈتۈنلەي يېڭى ساھە، پۈتۈنلەي يېڭى قاتلام سىستېمىسىدا ئېرىشكەن مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك بايقاش بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياڭ خەيجۈن كوللېكتىپىنىڭ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچىگە گۇۋاھ بولدى.

«نېفىت سانائىتىنى تېخىمۇ زور تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جەزمەن پەۋقۇلئاددە جاپاغا چىدىيالايدىغان، پەۋقۇلئاددە ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان، پەۋقۇلئاددە كۈرەش قىلالايدىغان بىر تېخنىكا قوشۇنى بولۇشى كېرەك» دېدى ياڭ خەيجۈن.

كوللېكتىپتىكى تېخنىكا تايانچىلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ياڭ خەيجۈن نۇرغۇن چارىلەرنى ئويلاپ چىقتى: يېڭى خىزمەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى ئىز قوغلاپ باھالاش، ئىلىم باشلامچىلىرىنى باھالاپ باشقۇرۇش، بارلىق خادىملار خىزمىتىنى ئەينەن يېزىش... ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ياشلار پەن - تېخنىكا دوكلات يىغىنى، دوكتورلار مۇنبىرى قاتارلىق پائالىيەت سۇپىلىرىنى قۇردى.

ياڭ خەيجۈننىڭ تىرىشچانلىقىدا، ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان پەن تەتقىقات كوللېكتىپى قۇدرەتلىك پەن تەتقىقات كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، جەمئىي 16 تۈردە ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تىرىليون كۇب مېتىرلىق ئىككى چوڭ گاز رايونى ۋە مىليارد توننىلىق بىر چوڭ نېفىتلىكنى تاپتى، بۇنىڭ بىلەن تارىم نېفىتلىكىدە 14 يىلدىن بۇيان يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يېڭىدىن كۆپەيگەن نېفىت، تەبىئىي گازنىڭ 3 - دەرىجىلىك زاپاس ئېكۋىۋالېنتى 400 مىليون توننىدىن ئاشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

پاشاگۈلنىڭ تۇنجى خىزمىتى دۆڭگۈەن شەھىرىدىكى بىر ئېلېكترون زاپچاسلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەش بولدى. دەسلەپتە تىل ئۇقماسلىق، تېخنىكا ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەسلىك سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ كىرىمى يۇقىرى بولمىدى. ئۇستامنىڭ ياردىمىدە، ئۇنىڭ پۇتۇڭخۇا سەۋىيەسى ئۆستى، تېخنىكىسىمۇ بارغانسېرى پىشتى، مائاشى ناھايىتى تېزلا ئۆسۈپ ئايدا 3000 يۈەنگە يەتتى. «2006 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 15 مىڭ يۈەن ئامانەت قويۇپ، ھەممىسىنى ئاپامغا ئەۋەتىپ بەردىم. تېلېفوندا كۆرۈشكەندە ھەر ئىككىلىمىز ھاياجانلىنىپ يىغلاپ كەتتۇق» دېدى پاشاگۈل.

بۈگۈنكى كۈندە، پاشاگۈل دۆڭگۈەن شەھىرىدىكى بىر ئاياغ زاۋۇتىدا گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، ئايلىق مائاشى 5000 يۈەندىن ئاشتى. ئۇنىڭ ئېرى دۈيسەن گۇاڭدۇڭدا ئىشلەۋاتقاندا ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان. «ھازىر ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ئايدا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىمىز، بالىمىز ئۈچ ياشقا كىردى، شۇ جايدىكى يەسلىدە ئوقۇيدۇ، ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىمەن» دېدى ئۇ.

«سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ يانچۇقۇم تېخىمۇ تومپايدى، نەزەر دائىرەم تېخىمۇ كېڭەيدى. مەن تېخىمۇ كۆپ يۇرتداشلىرىمنى سىرتقا چىقىشقا يېتەكلەشنى ئويلايمەن.» مۇشۇنداق ئوي بىلەن، پاشاگۈل ھەر يىلى يۇرتىغا قايتىپ تۇغقان يوقلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يۇرتداشلىرىغا ئۆزىنىڭ ئىشلەش كەچۈرمىشلىرىنى، سىرتتىكى رەڭگارەڭ دۇنيانى، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى. 14 يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1300دىن ئارتۇق كىشىنى گۇاڭدۇڭغا بېرىپ ئىشلەشكە تەشكىللىدى، 279 ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئائىلىنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

«مەن بىلەن بىللە سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن يۇرتداشلارنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، نۇرغۇن كىشى يۇرتىدا يېڭى ئۆي سالدى، ئاپتوموبىل سېتىۋالدى. بۇلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ھازىر نۇرغۇن ئاچا - سىڭىل تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماڭا تېلېفون قىلىپ ‹سىرتقا چىقىش›نى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دېدى پاشاگۈل.

پاشاگۈلنىڭ يۇرتى —— ئۈلۈغچات ناھىيەسى جايلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ كۆپ نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتلىرى، ئېگىلىك تىكلەش ھۈنەرخانىلىرى يېزا - كەنتلەرگە ماكانلىشىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

«كېلەر يىلى يۇرتۇمغا قايتىپ، ئۈلۈغچات ناھىيەسىدە ئاياغ زاۋۇتى قۇرۇپ، گۇاڭدۇڭنىڭ زاكازلىرىنى قوبۇل قىلىشنى پىلانلاۋاتىمەن. ئىشىنىمەنكى، تىرىشىپ كۈرەش قىلساقلا، يۇرتىمىز بارغانسېرى گۈزەللىشىدۇ، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ!» دېدى پاشاگۈل تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)